# تۆمەن چاقىرىملىق چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈش

(بېشى 3 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىزچىل رىشتە باغلاپ، تارىخ ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى مەنپەئىتىدىن چىقىش قىلىپ، ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ قىلىپ، ئۆزى چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

2016 ـ يىلى 1 ـ ئاي ۋە 2018 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چۇڭچىڭ، ۋۇخەندە چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنى، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزدى.

يۇقىرى ئېقىندىكى چۇڭچىڭدىن ئوتتۇرا ئېقىندىكى ۋۇخەنگىچە، يەنە تۆۋەن ئېقىندىكى نەنجىڭگىچە؛ «تۈرتكە بولۇش»تىن «چوڭقۇر تۈرتكە بولۇشقىچە»، يەنە «ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇشقىچە»، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى تەرەققىياتىدىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ بۇ مۇھىم، زور رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق يىرىك پىلانى كۈندىن ـ كۈنگە روشەنلەشتى، تۈرلۈك تەلەپلەر قەدەممۇ قەدەم ئەمەلىيلىشىپ ئالغا سىلجىتىلدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، مەركەز ۋە يەرلىكتىن كەلگەن يەتتە يولداش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلىپ، باش شۇجىغا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قوللانغان خىزمەت تەدبىرلىرىنى، قولغا كەلتۈرگەن دەسلەپكى نەتىجە ـ ئۈنۈملىرىنى دوكلات قىلدى:

سەككىز چوڭ مەخسۇس ھەرىكەت پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى، بۇ يىل پۈتۈن ئېقىن رايونىدا ناچار 5 ـ دەرىجىلىك سۇ سۈپىتىنى تۈگىتىش كەسمە يۈزى تۇنجى قېتىم ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ دەل جايىدا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلىپ، بېلىقچىلار كېمىسى، بېلىقچىلارنىڭ تېگى ـ تەكتى ئېنىقلىنىپ، چاڭجياڭ دەرياسىدا «بېلىق تۇتۇشنى ئون يىل چەكلەش»نى يولغا قويۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى؛ «ئىبىر خىمىيە سانائىتى دەريانى قورشىۋېلىش» قىيىن مەسىلىسى تېز ھەل قىلىنىپ، چاڭجياڭ دەرياسى يېشىل ئېكولوگىيە كارىدورى كۈچەپ بەرپا قىلىندى...

فۇخې دەرياسى چېڭدۇ بۆلىكى تيەنفۇ يېڭى رايونىدىكى مۇھىم ئېكولوگىيە كارىدورى، لېكىن بىر مەھەل بۇلغىنىش ئېغىر بولغان، 2015 ـ يىلىدىن 2016 ـ يىلىغىچە دۆلەت كونترول قىلىدىغان كەسمە يۈزىنىڭ ئومۇمىي سۇ سۈپىتى ناچار 5 ـ دەرىجە بولغان. تۈزەش ئارقىلىق، 2017 ـ يىلى ئومۇمىي سۇ سۈپىتى 5 ـ دەرىجە بولغان، 2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا 4 ـ دەرىجىگە يەتكەن.

ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ فۇخې دەرياسى چېڭدۇ بۆلىكىدىكى خۇاڭلۇڭشىنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن پىلانلاپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا، سىچۈەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداش باش شۇجىغا مەخسۇس مۇنداق دوكلات قىلدى: «خۇاڭلۇڭشى دۆلەت كونترول قىلىدىغان كەسمە يۈز سۇ سۈپىتى 3 ـ دەرىجىگە ئۆرلىدى».

«يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلىنىۋېتىپتۇ» باش شۇجى شى جىنپىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ مۇئەييەنلەشتۈردى.

كۆپچىلىك مۇنۇلارنى ئىنكاس قىلدى: بەش يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دەريا بويىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈردى، سالمىقىنىڭ زورلۇقى، كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى مىسلىسىز بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش تەرەققىيات سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيلا قالماي، يەنە چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تىرەك بولۇش، تۈرتكە بولۇش رولىنى ئۆستۈردى.

«چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشتا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تەرەققىيات داۋامىدا قوغداش، قوغداش داۋامىدا تەرەققىي قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «بۇ شۇنى تولۇق چۈشەندۈردىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىرى توغرا. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات زىددىيەتلىك قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى دىيالېكتىك بىرلىككە ئىگە مۇناسىۋەت. پەقەت يېشىل تەرەققىياتنىڭ ئاساسىنى ياخشى سالغاندىلا، ئاندىن بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتتا زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ».

سۆز قىلغاندا كۆپچىلىكمۇ مۇنداق بىلدۈردى: چاڭجياڭ دەرياسىنى كەڭ كۆلەمدە قوغداشتا يەنىلا نۇرغۇن مەسىلە مەۋجۇت، نۇرغۇن يېڭى خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىمىز:

«بەزى جايلاردا يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىقى، باقمىچىلىق، شەھەرلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى يامغۇر سۈيى قاتارلىق دائىرىلىك بۇلغىنىش ئاساسىي زىددىيەتكە كۆتۈرۈلدى»، «بەزى جايلاردا سۇلۇق يەرلەر تارىيىپ، سۇ ئېكولوگىيە سىستېمىسى تەڭپۇڭسىزلىشىپ، نۇقتىلىق كۆللەردە كۆك يوسۇن سۇ يۈزىگە ئۆرلىۋېلىپ چۈشمىدى»، «كىچىك ئېقىن رايونىدىكى سۇنىڭ بۇلغىنىشنى تۈزەش نىسبەتەن ئارقىدا قالدى، بۇلغىمىلارنى ئوغرىلىقچە قويۇپ بېرىش، ئېقىتىپ قويۇپ بېرىش، ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ قويۇپ بېرىش پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ»...

«شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىر قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ـ ئۈنۈم پەقەت دەسلەپكى، باسقۇچ خاراكتېرلىك بولۇپ، مىقدار ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئۆتۈش تېخى ئىشقا ئاشمىدى. تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇش، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىش كېرەك» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى بەش تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنى «ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان يېشىل تەرەققىيات يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ، رايونلار ماس تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى يارىتىپ، تاغ، سۇ، ئادەم، شەھەر ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا سىڭىشىشنىڭ يېڭى يۈكمە رەسىمىنى سىزىپ، دۆلىتىمىزدىكى ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان يېشىل تەرەققىيات ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت قوش ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرىدىغان غول تومۇرغا، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يېتەكلەيدىغان ئاساسىي قوشۇنغا ئايلىنىش»تەك يېڭى تارىخىي بۇرچنى يۈكلىدى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىنىڭ نامىغا ئوخشاش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە «ئومۇميۈزلۈك» دېگەن سۆز گەۋدىلەندى.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سىستېمىسىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا توختالغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئېقىن رايونىنىڭ سىستېمىلىقىدىن چىقىش قىلىپ، تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ، سىستېمىلىق داۋالاپ، باش ئاغرىسا باشنى، پۇت ئاغرىسا پۇتنى داۋالاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۇ مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق كۆرسەتتى: چاڭجياڭ دەرياسى دېلفىنى تۈر توپى سانىنىڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەش يۈزلىنىشىنى توسۇشتا، چاڭجياڭ دەرياسى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تايىنىش كېرەك.

دۆلەت ئىچى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا توختالغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا پايدىلىق ئۈنۈملۈك يول ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. ئۇ ئالاھىدە مۇنداق تەكىتلىدى: بېكىنمە ھالەتتىكى ئىچكى ئايلىنىشنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ، ئۆلكە ئىچى، شەھەر ئىچى، ناھىيە ئىچىدە كىچىك ئايلىنىشنى يولغا قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىن ماسلىشىپ، بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا توختالغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: تۆۋەن ئېقىن رايونلاردىكى مەبلەغ، تېخنىكا، ئەمگەك كۈچ جۇغلاشقان كەسىپلەرنى ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىن رايونلارغا تەرتىپلىك يۆتكەشكە يېتەكلەش كېرەك، تۆۋەن ئېقىندىكى ئۆلكىلەر كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، «قەپەزنى بوشىتىپ قۇشنى ئالماشتۇرۇش»نى يولغا قويۇشى كېرەك، «ياخشى قۇش»نى ئالماشتۇرۇپ ئەكىرىپ، «ناچار قۇش»نى ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىندىكى ئۆلكىلەرگە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

«چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، ‹تۆھپە يېزىشتا مەن بولمىسامۇ بولىدۇ› دېگەن مەنىۋى مەنزىل ۋە ‹تۆھپە قوشۇشتا چوقۇم مەن بولۇشۇم كېرەك› دېگەن تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقىمىز بىلەن، تارىخىي سەۋرچانلىق ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە تۈزۈپ چىقىپ، ئىشنى ئىشقا ئۇلاپ ئىشلەپ، سۈزۈك دەريا سۈيىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك».

يىغىن ئاخىرلاشاي دېگەندە، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: بىز خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، خەلق ئاممىسى قارشى ئالىدىغان، كۆلىدىغان ئىش بولسىلا، ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ ئاخىرغىچە قىلىشىمىز كېرەك؛ خەلق ئاممىسى خۇشال بولمايدىغان، ئاغزىنى پۇرۇشتۇرىدىغان ئىش بولسىلا، قەتئىي قىلماسلىقىمىز كېرەك!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۇەنگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ، ئېسىل ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ بوشاشماي قالماي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە سىجىل كۈچەش كېرەك. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ كىرىمنى ئاشۇرۇش ھالقىسنى چىڭ تۇتۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، قاراتمىلىق ھالدا دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاش جەھەتتە سىجىل كۈچەش كېرەك. ۋەقۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەنت، ئائىلە، ئادەمگە قاراپ دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامراتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنىنى قەتئىي ھۇجۇم بىلەن ئېلىش كېرەك؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تەرتىپلىك يۆتكەپ، سىرتقا چىقىرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك؛ مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەسىلىلەرنى نۆللەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك تەلتۆكۈس ھالدا يوچۇقنى تەكشۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، مەسىلىنى تېگى ـ تەكتىگە يەتكۈزۈش، تۈزىتىپ ئۈنۈمىنى كۆرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش جەھەتتە سىجىل كۈچەش كېرەك. بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇش، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈم ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، قايتا نامراتلىشىشنىڭ ۋە يېڭىدىن نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈرئىتى ۋە سۈپىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە سىجىل كۈچەش كېرەك. ھازىرقى ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ھەر دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش كۈچلىرى ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى ساقلاپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر بەش دەرىجىلىك شۇجىلار تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار باش مەسئۇل بولۇشى، ئۆزى تۇتۇشى كېرەك؛ ئېغىر نامرات رايونلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ۋىلايەتلىك، ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى بىرىنچى سەپنىڭ باش قوماندانلىقىنى ياخشى قىلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ھەم ئىشخانىلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن تۇتۇش، ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى ۋە ئالاقىدار فۇنكسىيەلىك تارماقلار نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پولاتتەك ئىنتىزام ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار كونكرېت مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىكمە كۈچىنى سىجىل شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، بۇرچنى ئادا قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەشنى قەدىرلەپ، قۇرۇق ئىشقا بېرىلمەي، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي قەرەلىدە تاماملاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىللە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرگۈزۈش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 20 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى پىكىر قاراپ چىقىلدى. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 ـ قېتىملىق يىغىنىدا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلىدۇ، ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ، «ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش نىزامى (تۈزىتىلمە لايىھەنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)» قاراپ چىقىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قاراپ چىقىشقا سۇنغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹يېزا يەر ھۆددىگەرلىكى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمە لايىھە)» توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتى قاراپ چىقىشقا سۇنغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلىدۇ؛ قاراماي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «قاراماي شەھىرىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «بايىنغولىن ئوبلاستى باغراش كۆلىنىڭ سۇ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ يېزا ـ كەنت مۇھىتىنى تۈزەش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپ، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «بورتالا ئوبلاستى بورتالا دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش نىزامى»، قومۇل شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «قومۇل شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹قومۇل شەھىرىنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» ھەققىدىكى تەكلىپ تەكشۈرۈلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوت ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ ھەم تۈزىتىش ئەھۋالىدىن رازى بولۇش دەرىجىسى باھالىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتىنى تەڭشەش لايىھەسى (لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ ھەم 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتىنى تەڭشەش لايىھەسى (لايىھە) تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋا مۇلازىمىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ ھەم خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋا مۇلازىمىتى مەركىزى قۇرۇلۇشى خىزمىتى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا سوئال سورىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار تەپتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش تەكلىپى قاراپ چىقىلىدۇ.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دەۋا مۇلازىمىتى مەركىزى قۇرۇلۇشى خىزمىتى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار تەپتىش خىزمىتى ئەھۋالى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش خىزمىتى ئەھۋالى، 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوت ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى قاتارلىقلار قاراپ چىقىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قويۇلغان سەككىز ئاغرىق مىسالى دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى؛ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 57 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدە 53، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا تۆت. ھازىرغىچە، بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 61 ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 222 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لۇ چىن مۇنداق تونۇشتۇردى: دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە پۈتكۈل تېببىي خادىملارنىڭ سىجىل، پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالىشى نەتىجىسىدە، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە، بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇمدا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ يېرىمىدىن ئېشىشى بىزنىڭ دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەمىزنىڭ دەل جايىدا ئىكەنلىكى ھەم پىشىپ يېتىلگەنلىكى، كۆزىتىپ ئايرىلىش تەدبىرىنىڭمۇ ئىجابىي، ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئىسپاتلىدى. دوختۇرخانىدىن چىققانلار سانىنىڭ كۈنسايىن ئېشىشى كۆپچىلىكنىڭ بۇ مەيدان يۇقۇمنى يوقىتىش جېڭىدە ئورتاق غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى ئۇرغۇتتى. كېيىنكى باسقۇچتا، بىز يەنىلا بىر خىللاشقان داۋالاش لايىھەسى بويىچە، جۇڭيى تېبابىتى، جۇڭيى دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاغرىقلارنىڭ پىسخىكىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەھمىيەت بېرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىرىپچىنى چىڭىتىپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى سىجىل ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىش يۈز بېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئالىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)